## 21737 ـ توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

**سوئال**

توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى باشقا ھەرقانداق ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىگە ئوخشايدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى توي قىلىشتىن بۇرۇنمۇ ۋە توي قىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ، پەقەت ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ئارىسىدا توقۇنۇش بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئېرىگە ئىتائەت قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېرىنىڭ بۇيرۇقى ئارىسىدا توقۇنۇش بولۇپ قالسا، ئېرىنىڭ بۇيرۇقى ئىلگىرى قېلىنىدۇ، لېكىن مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايال ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەرلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى ئارىسىدىكى زىتلىقنى يوق قىلىشقا تىرىشىشى، ئۇلار بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك.

توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئالاقىدە رائىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن: ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى، ماددى قىممىتى يۇقىرى بولمىسىمۇ ئۇلارغا مۇناسىپ سوغىلارنى تەقدىم قىلىشى، ئۇلارنى زىيارەت قىلغاندا باللىرىنى قويۇۋېتىپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزماسلىقى زۆرۈر بولىدۇ. شەيخ مۇھەممەد دۇۋەيش.

ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ خىراجىتىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا نەپىقە قېلىشى كېرەك بولىدۇ، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئايرىم ئىقتىسادى بولمىسا، ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ياردىمى يېتىدىغان ئېرىدىن شەپقەت تەلەپ قىلىشى، ئېرىنىڭمۇ بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ خالىسا ئەجىر ـ ساۋاپقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشى كېرەك. چۈنكى بۇمۇ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.